# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报　شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 6 - ئاي 13 شەنبە
维吾尔文 6 月13日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى　新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25091 - سان　بۈگۈن 4 بەت


بۇرۇندى زۇڭتۇڭى ئېنكورۇنزىزانىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ بۇرۇندىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان ئېندايىشىمىيېگە تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى بۇرۇندى زۇڭتۇڭى ئېنكورۇنزىزانىڭ كېسەل سەۋەبىدىن بەختكە قارشى ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇرۇندىنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان ئېندايىشىمىيېگە تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ھەم ئۆز نامىدىن زۇڭتۇڭ ئېنكورۇنزىزانىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى، زۇڭتۇڭ ئېنكورۇنزىزانىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ۋە بۇرۇندى خەلقىدىن سەممىي ھال سورىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: زۇڭتۇڭ ئېنكورۇنزىزا بۇرۇندىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىيونى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ۋاڭ ياڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى چۆرىدەپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئويلىنىپ، ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك يولغا قويۇش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لىن خۇي)** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ يېقىندا شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى، مۈشكۈللۈكىنى چوڭقۇر تونۇپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ شىنجاڭنى مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، نېگىزلىك، ئۇللۇق، ئۇزاق كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە دىققەتنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۈچەپ، ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئۇلىنى پۇختىلاش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى يوۋ چۈەن بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، ۋاڭ ياڭ بايىنغولىن، خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ، بىڭتۇەن 3 - شى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، يېزا، مەھەللە، مەكتەپ، كارخانا، تۇەن - چاڭ، دىنىي سورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەم خىزمەت سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ پىكىر - تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى 2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە بولغان چۈشىنىشى ۋە تونۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، نۇرغۇن جاپالىق، ئىنچىكە خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، مۇھىم، زور باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىم بولغان، كەسىپ قۇرۇلمىسى ئەلالاشقان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان ياخشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



6 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 12 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى ۋاڭ ياڭ شىنجاڭدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. سۈرەتتە: 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ۋاڭ ياڭ قەشقەردە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا شۇ جايدىكى كەنت ئاھالىلىرى بىلەن سەممىي پاراڭلاشماقتا. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى لى تاۋ فوتوسى

باش شۇجى شى جىنپىڭ نىڭشىيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشنى تەكىتلىدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما مۇنداق بىلدۈردى ——

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جان تومۇرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«جۇڭخۇا مىللىتى كۆپ مەنبە بىر گەۋدىلەشكەن ئۇلۇغ مىللەت.» «ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا، بىر ئاز سانلىق مىللەتمۇ كەم قالسا بولمايدۇ.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نىڭشىيادا تەكشۈرۈشتە بولغاندا قىلغان مۇھىم سۆزى چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىنتايىن روھلاندۇردى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئورتاق قەدەم قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى گۈللىرىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىدا پورەكلەپ ئېچىلدۇرىمىز.

### مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي مېلودىيەسىنى ياڭرىتىمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى يېڭىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئارال يېزىسى پارچە چوكا كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ئوبۇل داۋۇتنىڭ قەلبىنى ئىللىتتى. «كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، كەنتىمىزدە قول ھۈنەرۋەنچىلىك - ياغاچچىلىق دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق ئون ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە قۇرۇلۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەرنىڭ ھەربىرىدىن بىر ئادەم، ھەتتا كۆپ ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كىرىمى مۇقىم ئاشتى.» ئوبۇل خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياخشى سىياسىتى، يەنە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ چىن قەلبتىن ياردەم بەرگەنلىكى، يۆلىگەنلىكىدىن بولدى. ئىشىنىمەنكى، پارتىيەگە ئەگىشىپ بوشاشماي تىرىشىپ، كۆپچىلىك بىر نىيەتتە ھەمكارلاشساقلا، كۈنلىرىمىز چوقۇم بارغانسېرى ياخشىلىنىدۇ».

«باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزى شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىشىمىز ئۈچۈن كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى.» ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن رەئىس قادىلبېك قاقان مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمەتچىلىرى بىر قاتار مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، شىنجاڭدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى خاتىرىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى نامايان قىلىپ، پارتىيەگە بولغان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىنى بىلدۈردى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز «5G+ سانائەت ئالاقە تورى» ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلەتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈڭفېينىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 5G يېڭى پۇرسىتى چىڭ تۇتۇلۇپ، سانائەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇنغان. بۇ يىلدىن بۇيان، 5G قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىز «5G+ سانائەت ئالاقە تورى» ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلەتكەن. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 5G+ سانائەت ئالاقە تورى ئۈلگە كۆرسىتىش زاۋۇتىدىن 53 ى قۇرۇلۇۋېتىپتۇ ۋە قۇرۇش پىلانلىنىۋېتىپتۇ.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىز 2 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ 5G تورى قۇرۇشنى پىلانلىدى، 5G ئاساسىي پونكىتىدىن 5000 نى قۇرۇپ، «5G+ كەسىپتە ئەمەلىي قوللىنىش» بولغان كۆپ كۆرۈنۈش، كۆپ كەسىپ، كۆپ ساھە يۇغۇرۇلغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى تېز بەرپا قىلىشنى پىلانلىدى. «5G+ سانائەت ئالاقە تورى» بولسا «5G+ كەسىپتە ئەمەلىي قوللىنىش» كۆرۈنۈشلىرىنىڭ بىرى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتى «بىر خەۋەرلىشىش تىجارىتى سودىگىرى + بىر سانائەت كارخانىسى» ئەندىزىسى ئارقىلىق «5G+ سانائەت ئالاقە تورى»نى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىشنى قانات يايدۇرۇپ، كەسىپ ئېكولوگىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈردى، ئېھتىياج تىزىملىكى، تەمىنلەش تىزىملىكى، كەسىپ ساھەسىدە ماس قەدەمدە كۈچەپ، «5G+ سانائەت ئالاقە تورى» نىڭ ئىچكى يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## شىنجاڭنىڭ دۆلەت ھالقىغان توك تەمىنلەش 2 - لىنىيەسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېينىڭ** دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، جۇڭگو شىنجاڭ باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىدىن موڭغۇلىيە دۆلىتى بۇرگوستاي پورتىغىچە بولغان ئون كىلوۋولتلۇق توك بىلەن تەمىنلەش لىنىيەسى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، بۇ، شىنجاڭدىكى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن دۆلەت ھالقىغان توك تەمىنلەش 2 - لىنىيەسى.

جۇڭگو تەرەپ چېگراسى ئىچىدىكى لاۋيېمياۋ پورتىنىڭ قارشى تەرىپى موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ بۇرگوستاي پورتى، بۇ ئىككى پورت جۇڭگو بىلەن موڭغۇلىيە ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم تاشيول پورتى. ئۇزاقتىن بۇيان، بۇرگوستاي پورتىدا ئېغىر دەرىجىدە توك كەمچىل بولۇپ كەلگەنىدى، پورتتا ئىش بېجىرىش ھەم كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا توك ئىشلىتىشتە گېنېراتور ئارقىلىق توك چىقىرىشقىلا تايىناتتى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## كەنتتە تۇرۇشلۇق 76 مىڭ كادىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلماقتا

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جاڭ تىلىڭ، خەن چىنيەن، رايىدە، ئىختىيارىي مۇخبىر خۇ جىنلياڭ

«ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىشتە بوسۇش ھاسىل قىلىپ، خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كۆپرەك ئىش قىلىپ، بېيىش باشلامچىلىرىنى يېتىشتۈرۈشتە كۈچ سەرپ قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇستەھكەملەش، يۈكسەلدۈرۈش خىزمىتىدە، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتىشتىكى ھەربىر ئىشتىن قول سالغاندىلا، ئاندىن ئاممىنىڭ قەلبىگە ھەققىي سىڭگىلى بولىدۇ» دېدى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى بۈرچىن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشكىلات بۆلۈمىدىن قوستىق بازىرىنىڭ قارادۆك كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ۋاڭ گاڭ.

نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزدا 12 مىڭدىن كۆپرەك «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىدىكى 76 مىڭدىن ئارتۇق كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىپ، قايناق ھېسسىياتى ۋە سەممىي ساداقىتى بىلەن كەنتتە تۇرۇش ۋەدىسىنى ئەمەلىيىتىدە كۆرسىتىپ، جان تىكىپ ئىشلەش ۋە تەۋەككۈل قوشۇش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشمەكتە.

**داۋاملاشما كۈرەش قىلىش ياردەم بېرىش - يۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان تۈپتۈز، كەڭ ئاسفالت يوللار، گىرەلىشىپ كەتكەن ئەمەن ئۆيلەر، نامراتلارنى يۆلەش سېخىدىكى ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازلىرى، كەنتلەردىن ناھىيە بازىرىغا قاتنايدىغان يولۇچىلار ئاپتوبۇسلىرى...» كېرىيە ناھىيەسىنىڭ قارقى يېزىسى بوستانئېرىق كەنتىگە كىرسىڭىز، يېڭى دەۋردىكى يېزا - كەنت قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر پارچە يۈگمە رەسىم كۆز ئالدىڭىزدا نامايان بولىدۇ.

ئۈچ يىل ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتى يول ترانسپورت باشقۇرۇش ئىدارىسى بوستانئېرىق كەنتىدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن 1 - شۇجى پۇ چۈەنۋېن كەنتكە كەلگەندە، كەنت يوللىرى ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئىدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تۇرالغۇسىمۇ بەك ئاددىي ئىدى. «قىسقىغىنا ئۈچ يىلدا، كەنتنىڭ كونا قىياپىتى يېڭىلاندى!» پۇ چۈەنۋېن بۇ غايەت زور ئۆزگىرىشكە قاتناشتى ۋە گۇۋاھ بولدى.

پۇ چۈەنۋېنغا ئوخشاش، كۆكتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىن كۆرتى يېزىسىنىڭ دالا ئاۋىز كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 - شۇجى ئېركىنبېك قايسامۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم بېرىش يولىدا كۈرەش قىلماقتا.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئالدىنقى بەش ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا
## بازار سۇبيېكتلىرى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.9% ئاشتى
## ئېلېكتر تورىنىڭ توك سېتىش مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8% ئاشتى

كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رېن خۇانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن ئىگىلىشىچە، 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي بار بولغان تۈرلۈك بازار سۇبيېكتى (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1 مىليون 900 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11.9% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، كارخانا 382 مىڭ بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.7% ئاشقان؛ يەككە سودا - سانائەتچى 1 مىليون 534 مىڭ 100 بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 13.2% ئاشقان.

ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى گاۋ جيەندۇڭ مۇنداق بىلدۈردى: يېڭىدىن تىزىملانغان بازار سۇبيېكتىنىڭ سانى مۇقىم ئېشىپ، ساھە جانلىنىپ، ئىشەنچ ئۇرغۇپ، بازار كۈچى جۇغلىنىپ، بازار سۇبيېكتىغا كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتىدە باسقۇچلۇق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېينىڭ** دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى بەش ئايدا شىنجاڭ ئېلېكتر تورىنىڭ جەمئىي ساتقان توك مىقدارى 52 مىليارد 983 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 8.09% ئاشقان.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسى چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى بەش ئېيىدا ئاپتونوم رايونىمىزدا پۈتۈن ساھەلەرنىڭ ئىشلەتكەن توكى 47 مىليارد 762 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئومۇمىي ئىشلىتىلگەن توك مىقدارىنىڭ 90.15% نى ئىگىلىگەن؛ شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ تۇرمۇشتا ئىشلەتكەن توكى 5 مىليارد 221 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، ئومۇمىي ئىشلەتكەن توك مىقدارىنىڭ 9.85% نى ئىگىلىگەن.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)